# 21255 ـ چېش ياستىشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

### سۇئال

ئىنساننىڭ ئاستىن تەرەپ چېشلىرى ئۇششاق، بىر-بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن، قىڭغىر بولسا، شۇنىڭدەك ئۈستۈن تەرەپ چېشلىرىمۇ ئالدىغا پولتىيىپ چىققان بولسا، بۇ چېشلارنى تۈزلەپ ئورنىغا چېش سالدۇرۇشنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟ چېشلارنى قوراشتۇرغاندا ئورۇن ھازىرلاش ئۈچۈن بەزى چېشلارنى تارتقۇزىتىشكە ئېھتىياجلىق بولىدۇ، چېشنى كۆچەيتىدىغان ماددىنى ئاجىرتقۇەتكەندىن كېيىن تۆمۈرنى چېڭ تۇتۇپ تۇرىدىغان ماددىنىڭ ئېزىنى يوق قىلىش ئۈچۈن چېشنى راھەتلەندۈرۈشكە ئېھتىياجلىق بولىدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلارغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

شەيخ پەۋزاندىن چېش ياستىش توغرىسىدا سورالغاندا، مۇنداق  دېگەن: "ئەگەر چېشلىرىنىڭ ئارىسى كاۋاك، كوماك بولۇپ ئۇنى تۈزەلتىشكە ئېھتىياجلىق بولسا چېشنى ياساتسا بولىدۇ، ئەمما چېشنى ياستىشقا ھېچقانداق ئېھتىياج يوق تۇرۇپ ياساتسا توغرا بولمايدۇ،  بەلكى چىرايلىق بولۇش ئۈچۈن چېشلىرىنىڭ ئارىسىنى ئىكەكلەپ ئايرىپ تەكشىلەشتىن چەكلەنگەن، بۇنداق قىلغان كىشىگە قاتتىق ئازاب بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان، چۈنكى سەۋەپسىز بۇنداق قىلىش  ئاللاھنىڭ ياراتقان شەكلىنى ئۆزگەرتىش ۋە تەبىئى شەكلىنى بىكار قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ئەمما داۋالىنىش، ياكى كوماك چېشنى ئېلىۋېتىپ يېڭى سېلىش قاتارلىق ھاجەتلەر بولسا، بىر نەرسە يېگەندە چاينىيالماسلىق ۋە چېشلىرىنىڭ ئارىسىغا يېمەكلىك كىرىۋېلىش قاتارلىق ئىشلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن چېشلىرىنى ياساتسا توغرا بولىدۇ.

ئارتۇق چېشنى ئالدۇرىۋېتىش مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ توغرىدا شەيخ ئىبنى جىبرىين رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: " ئارتۇق چېشنى تارتقۇەتسە بولىدۇ، چۈنكى ئۇ ئىنساننىڭ كۆرۈنىشىنى سەتلەشتۈرىدۇ، چېشلارنىڭ ئارىسىنى تارلاشتۇرىدۇ، ئەمما چېشلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىپ ئىكەكلەپ گۈزەللىشىش توغرا بولمايدۇ.